# نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (20)

ئەركىن سىدىق

2015-يىلى 11-ئاينىڭ 13-كۈنى

بۈگۈندىن 30 يىل ئىلگىرى مەن بىر نەقىل سۆزنى يادلىۋالغان بولۇپ، ئۇ سۆز مېنىڭ قانداق ياشىشىمغا ناھايىتى زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى: «مەندىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان سوۋغىتىدۇر. مېنىڭ ئاشۇ يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر بىلەن قىلغان ئىشلىرىم بولسا مېنىڭ پەرۋەردىگارىمغا قىلغان سوۋغىتىمدۇر.» مەن ئۆز ھاياتىمدا ئېرىشكەن ھەر بىر سوۋغات، تالانت، بايلىق ۋە پۇرسەتلەر بىلەن پەرۋەردىگارىمغا، باشقىلارغا، ۋە ئۆزۈمگە جاۋاب قايتۇرمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئەگەر بىز ھەممە ۋاقىتتا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاتتىق تىرىشساق، ئۆز ھاياتلىرىمىزنى بىر خىل ئالاھىدە ھاياتقا ئايلاندۇرالايمىز. شۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ ھاياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيمىز.

سابىق ئامېرىكا پرېزىدېنتى دۋايت ئېزېنخاۋېر (Dwight Eisenhower) نىڭ مەن ئىنتايىن ياقتۇرىدىغان بىر ھېكايىسى بار. ئۇ بىر قېتىم مەملىكەتلىك مۇخبىرلار بىرلەشمىسىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزىنىڭ بىر ياخشىراق سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، ئۇنداق بولمىغان بولسا ھازىرقىدىن ياخشىراق نۇتۇق سۆزلىگۈچى بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ باللىق ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئەسلىتىدىكەن: بىر قېرى بوۋاي بىر كالىسىنى ساتماقچى بولۇپتۇ. كالىنى ئالماقچى بولغان بىر كىشى ئۇ قېرى بوۋايدىن كالىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قايماق بېرىش ئەھۋالى، ۋە ھەر ئايدا چىقىرىدىغان سۈتى قاتارلىقلارنى سوراپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى بوۋاي ئۇنىڭغا: «مەن ئائىلە كېلىپ چىقىشىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بۇ كالىنىڭ قانچىلىك قايماق چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. ئەمما ئۇ بىر ناھايىتى ياخشى كالا بولۇپ، ئۇ ساڭا ئۆزىدە بار سۈتىنىڭ ھەممىسىنى بېرىدۇ»، دەپتۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىز ھەممىمىز قىلالايدىغان بىر ئىش: بىز ئۆزىمىزدە بار ھەممە نەرسىلەرنى بىر ئۇلۇغۋار غايە ئۈچۈن ئاتا قىلالايمىز. شۇنداق قىلالىساق، بىز ئۆزىمىزگە رازى بولىمىز.

يۇقىرىدىكى مەزمۇن مەن «نەتىجىلىك ئۇيغۇرلار (9)» دېگەن ماقالىمدە تونۇشتۇرغان جون ماكسۋېل (John C. Maxwell) نىڭ «ماكسۋېل كۈنلۈك ئوقۇشلۇقى» دېگەن كىتابىنىڭ 192-بېتى (24-ئىيۇن كۈنى) نىڭ مەزمۇنى بولۇپ، ئۇنىڭ تېمىسى «ئۆزىڭىزدىكى تالانتلار ۋە پۇرسەتلەردىن ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە پايدىلىنىڭ» دىن ئىبارەت.

مەن ئەمدى رەسمىي مەزمۇننى باشلايمەن. بۇ ھەپتە مەن يەنە بىر يېڭى قىرىندىشىمىزنى تونۇشتۇرىمەن. ئۇ مەن تونۇشتۇرغان 40-كىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەھرىمان ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ يېڭى بىر مىسالى بولۇپ، ئامېرىكىغا كەلگەن 24 يىلدەك ۋاقىتتىن بۇيان ئىككى پەرزەنتلىك بىر ئائىلىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەن بىللە، ئۆز كەسپىدە قاتتىق تىرىشىپ، دۇنياغا داڭلىق «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا 1998-يىلى ئېلان قىلىنغان بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئاپتورلىرىنىڭ بىرى بولدى. 2015-يىلى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بىر پروفېسسورنىڭ ئاساسلىق ياردەمچىسىدىن بىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ خانىم بىر ئۇلۇغۋار نىشان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىغان، ھەمدە ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، مەن ئۇ خانىمدىن ناھايىتى پەخىرلىنىمەن.

## ئامېرىكىدا ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان ئۇيغۇر خانىم — لالە داۋۇت



1-رەسىم: لالە داۋۇت خانىم.

لالە داۋۇت خانىم ئۈرۈمچىدە تۇغۇلۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈرۈمچى تەجرىبە باشلانغۇچتا، ئوتتۇرا مەكتەپنى بولسا ئۈرۈمچى 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. ئۇ 1978-يىلدىن 1983-يىلغىچە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ مېدىتسىنا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوختۇرلۇق كەسپىدە 5 يىل ئوقۇپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇشنى تاماملايدۇ. ئۇ 1983-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا يېڭىدىن ئېچىلغان قانۇن فاكۇلتېتىغا قانۇن دوختۇرلۇق كەسپىنى ئاچىدىغان ئوقۇتقۇچىلىققا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، لالە 1984-يىلى 9-ئايدىن باشلاپ 1985-يىلى 7-ئايغىچە شاڭخەي خۇادوڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «مەملىكەتلىك تۇنجى قارار قانۇن دوختۇر تەربىيىلەش مەخسۇس كۇرسى» غا قاتنىشىپ، ياخشى نەتىجە بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا قانۇن دوختۇرلۇق دەرسلىكنى ئۆزى تۈزۈپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىدا قانۇن دوختۇرلۇق كەسپىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇرغان تۇنجى ئىلمىي خادىم بولۇپ قالىدۇ. لالە قانۇن فاكۇلتېتىدا ئىشلەش جەريانىدا بىر پروفېسسور بىلەن بىرلىشىپ، «قانۇن دوختۇرلۇق ئاساسى» ناملىق كىتابنى يېزىپ چىقىپ، قانۇن ساھەسىدە بىر يېڭىلىق ياراتقان بولىدۇ. لالە دەرسلىكنى ئۆزى يېزىپ، لېكسىيەلەرنى پۇختا تەييارلاپ، قانۇن دوختۇرلۇق ساھەسىدىكى بىلىملەرنى ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ يەتكۈزۈپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشىدۇ، ھەمدە تېزلىكتە لېكتورلۇققا ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇ ئۆز كەسپىدىن سىرت نۇرغۇن ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنگلىز تىلىنى توختىماي ئۆگىنىپ تۇرىدۇ، ھەمدە ئىلمىي ژۇرناللارنى ئوقۇش ئارقىلىق خەلقئارا مېدىتسىنا ۋە بىئولوگىيە ساھەسىدىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ.




2ـ رەسىم: تۈرك مىللىتىدىن بولغان پروفېسسور، دوكتور ئازىز سانجار ئەپەندى يەنە 2 نەپەر ئالىم بىلەن بىرلىكتە 2015ـ يىللىق خىمىيە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.



3-رەسىم: لالە خانىم 2002-يىلى ئامېرىكىدىكى «ئۇنك-چاپەل ھىلل» ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتور ئازىز سانجار ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى بىلەن بىللە.

لالە 1991-يىلدىن تارتىپ 2000-يىلى 7-ئايغىچە، ئامېرىكا شىمالى كارولىنا شتاتىغا جايلاشقان «UNC-Chapel Hill» ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئوخىمىيە ۋە بىئوفىزىكا فاكۇلتېتىدا، 2015-يىللىق نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنيادا داڭلىق تۈرك پروفېسسور دوكتور ئازىز سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە، 10 يىلدەك ۋاقىت تەتقىقات خادىمى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ جەرياندا، لالە نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلەرنى دۇنيادا داڭلىق ئىلمىي-تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىدۇ. ئۇ ماقالىلەرنىڭ بىر قانچىسى ئامېرىكا دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشىدۇ. بىر ھېسابتا دوكتور سانجارنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى ئۈچۈن لالە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشقان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى دوكتور سانجارنى نوبېل نامزاتلىقىغا ئېرىشتۈرگەن ماقالىلەرنىڭ نۇرغۇن بىئوخىمىيە تەجرىبىلىرىنى لالە ئاساسلىق تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئىشلەپ چىققان.




4-رەسىم: لالە خانىم 1998-يىلى نويابىردا چىققان «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىرى بولغان بولۇپ، بۇ ئاشۇ ژۇرنالنىڭ تىشى.


**Role Of Mouse Cryptochrome Blue-light Photoreceptor In Circadian Photoresponses.**

Randy J. Thresher, Martha Hotz Vitaterna, Yuki Miyamoto, Alexei V. Kazantsev, David Hsu, Dorothee C. M. C. Petit, Christopher P Selby, Lale Dawut, Oliver Smithies, Joseph S. Takahashi and Aziz Sancar

Science (New York, N.Y.)

Published November 20th, 1998

5-رەسىم: لالە خانىم 1998-يىلى نويابىردا چىققان «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دىكى بىر پارچە ئىلمىي ماقالىنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىرى بولغان بولۇپ، بۇ ئاشۇ ماقالىنىڭ قىسقىچە ئۇچۇرى.

لاله 2000-يىلى 8-ئايدىن تاكى بۈگۈنگىچە قەدەر ئامېرىكا مەرىلەند شتاتى بالتىمور شەھىرىدىكى «Johns Hopkins University» دېگەن ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى (National Institutes of Health, NIH) غا قاراشلىق DNA نى ياشلاندۇرۇش تەتقىقات بۆلۈمىدە بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى (biologist) سۈپىتى بىلەن ئىشلەپ كەلمەكتە. ھازىرقى يېتەكچىسى دوكتور ۋىلخەلم بور (Wilhelm Bohr) بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى (Niels H. David Bohr) ۋە ئاكىسى (Aage N. Bohr) نىڭ ھەر ئىككىسى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەردۇر. بىلىشىمىزچە دوكتور ۋىلخەلم بورمۇ ھازىر ئۆز تەجرىبىخانىسىدىكى 40 نەپەر تەتقىقاتچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىۋېتىپتۇ.



6-رەسىم: ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى (NIH) نىڭ DNA نى ياشلاندۇرۇش تەتقىقات بۆلۈمىدىكى خادىملار. ئۈستۈنكى قۇر سولدىن 5-كىشى لاله خانىم بولىدۇ.
http://www.grc.nia.nih.gov/branches/lmg/vbohr.htm

لاله 1991-يىلى 3-ئايدا ئۇيغۇر دىيارىدىن ئامېرىكا شىمالىي كارولىنا شتاتىدا ئوقۇۋاتقان يولدىشى تۇغلۇق ئابدۇرازاقنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئۇ مەزگىلدە تۇغلۇق «UNC Chapel Hill» ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى داڭلىق بىئوخىمىيە ئالىمى دوكتور ئازىز سانجار بىلەن يېقىن ئارىلىشىۋاتقان ئىدى. لاله بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دوكتور سانجارنىڭ تەجرىبىخانىسىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەتقىقات ئەسۋابلىرىنى كۆرۈپ تەسىرلىنىدۇ، ھەمدە يېڭىلىقلارنى ئۆگىنىۋېلىشقا قاتتىق قىزىقىپ قالىدۇ. شۇ ئارزۇسىنى يولدىشى ئارقىلىق دوكتور سانجارغا قايتا-قايتا يەتكۈزگەندىن كېيىن، دوكتور سانجار لالەنىڭ ئۆز تەجرىبىخانىسىدا بىر مەزگىل ئىشلەپ بېرىشىگە ماقۇل بولىدۇ. لاله شۇ تەجرىبىخانىدا ئىشلەش جەريانىدا ئاقسىل پاكلاشتۇرۇش (protein purification) جەھەتتە يۇقىرى قابىلىيەتتە ئىگە ئىكەنلىكى بىر قانچە مۇھىم تەجرىبىلەرنى تاماملاش ئارقىلىق ئىسپاتلايدۇ. ياپونىيەدىن كەلگەن دوكتور-ئاشتى (postdoc) تەتقىقاتچى توتايوشى لالەنى «لاله ئاقسىلنى ھەقىقەتەن پاكىز ئىشلەيدۇ» دەپ ماختايدۇ. 1991-يىلى دوكتور سانجار بىئوخىمىيە ساھەسىدە نامى چىققان ئالىملارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا خەلقئارادىكى بىرقانچە دۆلەتلەردىن تەكلىپ قىلىنغان 20 دەك مۇتەخەسسىس ۋە دوكتور-ئاشتىلار ئىشلەيتتى. دوكتور سانجارنىڭ تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ ئىشلەش ئانچە ئاسانغا توختايدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. خەلقئارالىق ئىلمي ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلغان بولۇش تەلەپ قىلىناتتى. دوكتور سانجار بىئوخىمىيىگە قاتتىق كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، تەتقىقاتچىلىرىغا ئىنتايىن يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان ئادەم ئىدى. بەزى تەجرىبىلەرنى كېچە-كۈندۈز دېمەي قايتا-قايتا ئىشلەشنى تەلەپ قىلاتتى. لاله كۆپىنچە شەنبە-يەكشەنبىلەرنى تەجرىبىخانىدا

ئۆتكۈزەتتى. بەزىدە بالىلارنى بۆلۈمگە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بىر ياقتىن بالىلارغا قاراپ، بىر ياقتىن تەجرىبە ئىشلەيتتى. ئاشۇنداق تىرىشچانلىقلارنى كۆرستىش ئارقىلىق، لالە 3 ئاي ئىچىدە تەجرىبىخانىسىدىكى بىر قانچە دوكتور ئاشتىلار بىلەن بىرلىشىپ، دوكتور سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە «بىئوخىمىيە» ناملىق داڭلىق ژۇرنالغا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە سۇنىدۇ. شۇ ئارقىلىق دوكتور سانجار ۋە باشقىلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىدۇ.

1991-يىلىدىن 2000-يىلى ئۆكتەبىرگىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا، لالە داۋۇت UNC بىئوخىمىيە ۋە بىئوفىزىكا فاكۇلتېتىدا بىر بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى سۈپىتىدە دوكتور سانجارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەيدۇ. DNA تۈزىتىش ساھەسىدىكى مۇرەككەپ ھەم يېڭى تىپتىكى دۇنياۋى ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات پروجېكتلىرىدىن بىرەر يۈزدەكنى تاماملايدۇ. بەزى تەجرىبىلەر بىر ھەپتىدىن نەچچە ھەپتىگىچە داۋاملىشىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنداق ۋاقىتلاردا كېچە-كۈندۈز دېمەي، شەنبە-يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، ئاران 3-4 سائەت ئۇخلاپلا ئىشلەيدىغان ئەھۋاللار پات-پات يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىككى كىچىك بالىسىنىڭ ئانىسى بولغان لالەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ياقتىن ئۆي ئىشىنى قىلىپ، بىر ياقتىن بالىلارنى مەكتەپكە توشۇپ، يەنە بىر ياقتىن تاماق ئېتىش ئاسانغا توختىمايدۇ. يولدىشى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، نەچچە قېتىم لالەنى ئىشتىن چېقىرىۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لالە «بىئوخىمىيە ئۆزۈم كىچىكىمدىن ياخشى كۆرۈپ كەلگەن كەسىپ. ئادەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئىشنى قىلسا ھاردۇقى چىقىدۇ، ھەم چارچىغاننى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دۇنيادا مەشھۇر بىئولوگىيە ئالىمى ئازىزكامنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتىمەن. ئۇيغۇرلارغا بۇنداق ياخشى پۇرسەت ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ ئالىم ماڭا ئىشىنىپ تەتقىقاتىنى سالغاندا، مەن ھەرگىز ئۇنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمەن. مىللىتىم ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ جاپالارغا بەرداشلىق بەرمىسەم بولمايدۇ» دەپ، خىزمەتتىن چېكىنىشكە ئۇنىمايدۇ.

ئازىز ئاكا ئۆزىنىڭ قابىلىيەتلىك، تىرىشچان، يۈكسەك غايىلىك بولۇشى بىلەن UNC ئۇنىۋېرسىتېتىدا نام چىقارغان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان ئىلمىي خادىملارغىمۇ تەلەپنى ئىنتايىن يۇقىرى قوياتتى. ھەر قېتىم يېڭى دوكتور ئاشتى ياكى مۇتەخەسسىسنى تەجرىبىخانىسىغا قوبۇل قىلغاندا، «مېنىڭ تەتقىقاتىمنى ئىشلەش ئۈچۈن سىزدە ھەپتىسىگە 5 كۈن، ھەر كۈنى 8 سائەت ئىشلەيمەن، دەيدىغان ئىدىيە يوق بولۇشى شەرت. DNA سىزنىڭ دەم ئېلىشىڭىزغا قاراپ ۋاقىت جەدۋىلى تۈزمەيدۇ. سەككىز سائەت ئىشلەپ، 10 سائەت دەم ئالسىڭىز، DNA نى تۈزىتەلمەيسىز. مۇشۇ شەرتكە ماقۇل بولسىڭىز، ئاندىن كېيىنكى گەپلەرنى دېيىشىمىز» دەيتتى. دوكتور سانجارنىڭ قاتتىق تەلىپى دۇنيادىكى ئوخشىمىغان ئەللەردىن كەلگەن، بىئوخىمىيە كەسپىدە نەتىجە ياراتماقچى بولغان ئوقۇغۇچى ۋە تەتقىقاتچىلارغا نىسبەتەن بىر ماگنىت ئىدى. چۈنكى ئازىزكامنىڭ قول ئاستىدا بىر يىلدىن ئارتۇق ئىشلىگەن ھەر قانداق كىشى دۇنياۋى دەرىجىلىك داڭلىق ژۇرناللاردا ماقالە ئېلان قىلالايتتى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا 2-3 يىل ئىشلىگەنلەر دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ئاسانلا ئىشقا ئورۇنلىشالايتتى. لالە 3 ئاي سىناقتا ئىشلەش جەريانىدا، ياپونىيەدىن كەلگەن بىر دوكتور-ئاشتى بىلەن بىرلىكتە، بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىدۇ. ئۇ دوكتور-ئاشتىنىڭ ئىسمى توتايوشى بولۇپ، ئۇ ھازىر ياپونىيەدىكى بىر تونۇلغان ئۇنىۋېرسىتېتتا پروفېسسور بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. توتايوشى لالەگە يۇقىرى باھا بېرىپ، «لالە ئاقسىل پاكلاشتۇرۇش تەجرىبىسىگە كەلگەندە ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ماھىر ئىكەن. ئۇنى تەجرىبىخانىمىزدا داۋاملىق ئىشلەتسەك بەك ياخشى بولاتتى» ، دەپ، لالەنى دوكتور سانجارغا تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا لالە «بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى» دېگەن سالاھىيەت بىلەن تۇراتتى. ئۇنداق سالاھىيەت بىلەن ئامېرىكىدا ئۇزۇن مۇددەت ئىشلەشكە يول قويۇلمايتتى. ئازىزكام لالەنى ئىشلىتىش ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە UNC نىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن ئۆزى مەخسۇس ئالاقىلىشىپ، لالەنىڭ سالاھىيىتىنى «دۆلىتىمىزگە ئېھتىياج مۇتەخەسسىس» دېگەنگە ئۆزگەرتىپ،

بىئوخىمىيە فاكۇلتېتىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ لالە ئازىز ئاكىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا 10 يىل ئىشلەيدۇ. شۇ جەرياندا دوكتور سانجار ۋە باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ، 20 پارچىدەك ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى خەلقئارادا ئەڭ داڭلىق ژۇرناللار ھېسابلىنىدىغان «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» (Science)، «خىمىيە»، «بىئوخىمىيە» ۋە «DNA رېمونتلاش» (DNA Repair) قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرگىلى بولىدۇ:

http://www.scopus.com/authid/detail.url?authorId=6507640564

ھەممىمىزگە مەلۇم، «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دۇنيا بويىچە ئەڭ داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرنىلىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ماقالە ئېلان قىلىش ئانچە ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭدا بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىش دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدە بىر زور شان-شەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لالە بەلكىم دۇنيا بويىچە مەزكۇر ژۇرنالدا ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان تۇنجى ئۇيغۇر بولۇشى مۇمكىن. ھازىرغىچە بىلىشىمىزچە، لالەدىن باشقا «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا ئابدۇشۇكۇر ئابدۇرۇشىت 2001-يىلى، گۈلمىرە سابىر 2015-يىلى ماقالە ئېلان قىلىپ باققان. لالە 1998-يىلى نويابىردا دوكتور سانجار يېتەكچىلىكىدە «ئىلىم-پەن ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلغان «Role of Mouse Cryptochrome Blue-Light Photoreceptor in Circadian Photoresponses» تېمىسىدىكى ئىلمىي ماقالىسى 1998-يىلى ئامېرىكا دۆلەتلىك پەن-تېخنىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. دوكتور سانجار يېتەكچىلىكىدە يېزىلغان بىر قانچە پارچە ماقالىلەر 1998-يىلى ئامېرىكىدا يۇقىرى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. 2004-يىللىرىنىڭ بىر كۈنى دوكتور سانجار لالەنىڭ ئۆيىگە تېلېفون قىلىپ، لالە بىلەن يولدىشى تۇغلۇق ئابدۇرازاقنى تۈركىيە ئىستانبۇل شەھرىدە ئېچىلماقچى بولغان «تۈركىيە ئاكادېمىيىسى» يىغىنىغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ يىغىندا دوكتور سانجارغا تۈركىيە بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان، دەپ قارىلىدىغان «تۈركىيە ئاكادېمىك» ئۇنۋانى تەقدىم قىلىنماقچى ئىكەندۇق. دوكتور سانجارنىڭ لالەنى مەخسۇس تەكلىپ قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئۇ ئىستانبۇلدىكى يىغىلىشتا لالەنىڭ تەتقىقات جەريانىدا قوشقان تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئالماقچى ئىكەندۇق. ئۇ ۋاقىتلاردا لالە ئائىلىسى بويىچە مەرىلەند شتاتىغا يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى. يولدىشىنىڭ ئىشى بەك ئالدىراش بولغاچقا، لالە تەكلىپنى رەت قىلىشقا مەجبۇرى بولغان ئىدى. شۇ قېتىم دوكتور سانجار ئايالى دوكتور گۆۋەن سانجار بىلەن تۈركىيەگە بېرىپ، مۇكاپات مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. گۆۋەننىڭ دېيىشىچە، مۇراسىمدا دوكتور سانجار لالەنىڭ ئىسمىنى نەچچە قېتىم ئېغىزغا ئېلىپ، «لالە خانىم تەجرىبىلەرنى ناھايىتى ئەستايىدىل ئىشلەپ بەرمىگەن بولسا، مەن ھازىرقىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم»، دەپ، لالەگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. گۆۋەن خانىم نەق مەيداننىڭ ۋىدىئوسىنى ئالغاچ كېلىپ، لالەنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە قويۇپ بەرگەن.

بىر قېتىم مەن لالەدىن «سىز ئىككى بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ، ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىڭىز قىلىسىز. بىر ياقتىن خىزمەت، يەنە بىر ياقتىن كەلدى-كەتتى مېھمانلارنى ئۈزۈلدۈرمەي كۈتۈپ تۇرىسىز. شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىۋاتىسىز. ئۇلاردىن باشقا يەنە دائىم ساياھەت قىلىپ تۇرىسىز. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قانداقمۇ يېتىشىدىغانسىز؟» دەپ سورىغىنىمدا، لالە بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، مۇنداق جاۋاب بەردى: «مېنىڭ قارىشىمچە ئىشلار مۇنداق بولىدۇ: (1) ھەر قانداق بىر ئادەم مەيلى قايسى ساھەدە ئىشلىگەن بولسۇن، قىلغان ئىشىنى ياخشى كۆرۈپ، كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي، ئەستايىدىل ھەم توختىماي ئىشلەيدىغانلا بولسا، ئۆز كەسپىدە نەتىجە يارىتالايدۇ. مېنىڭ DNA نى رېمونتلاش كەسپىدە ئامېرىكىدا ئىشلەپ كېلىۋاتقىنىمغا 25 يىلدىن ئاشتى. نۇرغۇن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا DNA نى تەتقىق قىلىش بىر ئىنتايىن زېرىكىشلىك ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئەمما

مەن ئۆز كەسپىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. ئىشلىگەن تەجرىبەمنىڭ نەتىجىسى چىقمىغۇچە ئۇيقۇمۇ كەلمەيدۇ. بەزى تەجرىبىلەرنى قايتا-قايتا تەكرارلاپ، نەتىجە چىقمىغۇچە زادىلا بولدى قىلمايمەن. (2) ھازىرقى زاماندا ئىلىم-پەن زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، تەتقىقات ئىشلىرىنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىش ناھايىتىمۇ مۇھىم. مەن 25 يىلدىن بېرى دۇنيانىڭ نۇرغۇن دۆلەتلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىللە ئىشلەپ كەلدىم. بەزىلەر ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى بىلىپ كەتمەيدۇ. ئوخشىمىغان شېۋىدە سۆزلەيدۇ. ئوخشىمايدىغان پىكىرلەر ئادەمگە داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىرەر تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن باشقىلار بىلەن داۋاملىق مۇزاكىرە قىلىپ تۇرمىسام بولمايدۇ. ئۆزۈمنىڭ مەقسىتىنى ئوبدان يەتكۈزۈپ، باشقىلارنى قايىل قىلالمىسام يەنە بولمايدۇ. (3) كىشىلىك ھاياتتا ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ھەممىدىن مۇھىم. ئادەم قانداق دەم ئېلىشنى بىلمىسىمۇ بولمايدۇ. بەزى ئادەملەر دەم ئالدىم، دەپ ئۆيدە ئۇخلاشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەنچە بۇ دەم ئېلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى ئەمەس. ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ بېسىمى ئىنتايىن زور بولىدۇ. مەن ئىشلىگەندە قاتتىق ئىشلەيمەن، ئەمما دەم ئېلىشقا كەلگەندە سىرتلارغا بېرىپ، ساياھەت قىلىپ كېلىش، تاغ-داۋان ۋە مەنزىرىلىك يەرلەرگە بېرىپ مېڭىپ كېلىش، دوستلار بىلەن بىللە چەتئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىشتەك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى بەك ياخشى كۆرىمەن. شۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ماڭا نىسبەتەن بىر ياخشى دەم ئېلىش بولۇپ، ئۇنداق قىلىش خىزمىتىمگە ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئۆي ئىشىنى قىلىش، تاماق ئېتىش، ۋە قىزلىرىم بىلەن بازار ئايلىنىشتەك ئىشلارنىمۇ بىر خىل دەم ئېلىش ھېسابلايمەن.»

لالە ئۆزى ئىنتايىن كەمتەر، گەپ-سۆزى ئاز، ھەممىدە قاتتىق تىرىشچان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۆي ئىچى ئىشلىرىغىمۇ ئىنتايىن پۇختا. ئائىلە ئىشلىرىنى ئىنتايىن كۆيۈنۈپ قىلىدۇ. قولۇم-قوشنىلىرى بىلەن قويۇق ئارىلىشىپ ئۆتىدۇ. مېھماندوستلۇققا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئامېرىكىدا ئوبدانلا داڭقى بار. بىكار ۋاقىتلىرىدا ساياھەت قىلىشنى، ئۆيدە ئۇيغۇرچە تاماق ئېتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇنداق ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ، ئىنتېرنېتتا باشقىلارغا ئۇيغۇر تاماقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

1983-يىللىرىدىن باشلاپ، لالە خانىم ئەر-ئايال ئىككىيلەن بىلەن بىز ئەر-ئايال ئىككىيلەن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدۇق. ئىككى ئائىلىنىڭ ئۆيىمۇ مەكتەپ ئىچىدىكى ئوخشاش بىر بىنادا بولۇپ، بىز شۇنىڭدىن باشلاپلا قويۇق ئارىلىشىپ كەلدۇق. ھازىرمۇ ئاساسەن ھەر يىلى دېگۈدەك چەت ئەللەرگە بىللە ساياھەتكە بېرىپ تۇرۇۋاتىمىز.

مەن دوستىمىز لالەنىڭ ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن تولىمۇ تەسىرلىنىمەن. ئۇنىڭدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ھەممە لالەنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.



7-رەسىم: لالە داۋۇت خانىم ئېرى بىلەن بىللە.



8-رەسىم: ياۋروپادا بىللە ئېلىپ بارغان بىر ساياھەتنىڭ بىر پارچە خاتىرە رەسىمى. بۇ رەسىم 2014-يىلى 28-سېنتەبىردە تارتىلغان.

## لالە خانىم ھازىرغىچە ئاپتور بولغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى


[1] Science - November, 1998. Lale Dawut with Aziz Sancar et al: Role of Mouse Cryptochrome Blue-Light Photoreceptor in Circadian Photoresponses.
https://sciencescape.org/paper/9822380

[2] Biochemistry - May, 1995. Lale Dawut with Aziz Sancar, Arun Malhotra et al:
Putative Blue-Light Photoreceptors From Arabidopsis Thaliana And Sinapis Alba With A High Degree Of Sequence Homology To DNA Photolyase Contain The Two Photolyase Cofactors But Lack DNA Repair Activity.

[3] Cell - June, 2004. Lale Dawut with Wilhelm Bohr:

The Werner Syndrome Helicase And Eshonuclease Cooperate To Resolve Telomeric D Loops In A Manner Regulated By TRF1 And TRF2.

[4] MCB - December, 2003. Lale Dawut with Wilhelm Bohr: Central Role For The Werner Syndrome Protein/Poly(ADP-Ribose) Polymerase 1 Complesh In The Poly(ADP-Ribosyl)Ation Pathway After DNA Damage.

[5] JBC - January, 2004. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al:
Poly(ADP-Ribose) Polymerase 1 Regulates Both The Eshonuclease And Helicase Activities Of The Werner Syndrome Protein.

[6] September, 2008. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: WRN And The S-Phase Checkpoint In Response To Interstrand Cross-Link-Induced DNA Double-Strand Breaks.

[7] MBoC - June, 2002. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: Colocalization, Physical, And Functional Interaction Between Werner And Bloom Syndrome Proteins.

[8] BBA - November, 2013. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: RAPADLINO RECQL4 Mutant Protein Lacks Helicase And ATPase Activity.

[9] DNA Repair - June, 2013. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al: Functional Deficit Associated With A Missense Werner Syndrome Mutation.

[10] nposia - January 2000. Lale Dawut with Aziz Sancar et al:
Photolyase/Cryptochrome Family Blue-Light Photoreceptors Use Light Energy To Repair DNA Or Set The Circadian Clock.

[11] May 2010. Lale Dawut with Wilhelm Bohr et al:
Human RECQL5beta Stimulates Flap Endonuclease 1

[12] AgING - June 2012. Lale Dawut with Wilhelm Bohr
DNA Binding Residues In The RQC Domain Of Werner Protein Are Critical For Its Catalytic Activities.

لاله داۋۇت قوشۇمچە ئاپتور بولۇپ، 1995-يىلدىن 2013-يىلغىچە دۇنياغا داڭلىق ئىلمىي تەتقىقات ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ تىزىملىكى بۇ يەردە بار:
https://sciencescape.org/author/57157652

لاله داۋۇت 2000-يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا مەملىكەتلىك ساغلاملىق ئىنستىتۇتى (NIH) دىكى دوكتور ۋىلخەلم بور (Wilhelm Bohr) نىڭ «DNA رېمونتلاش» (DNA repair) بۆلۈمىدە بىر بىئولوگىيە مۇتەخەسسىسى (biologist) بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇ گۇرۇپپىدىكى تەتقىقاتچىلار قىلىۋاتقان ئىشلار ۋە ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىلەر ھەققىدە تۆۋەندىكى ئۇلىنىشلاردا بىر قىسىم ئۇچۇرلار بار:
http://www.grc.nia.nih.gov/branches/lmg/vbohr.htm

**بۇ ماقالىنى ئىنىمىز «پىداكار» تەھرىرلىدى.**

**بۇ ماقالىنى ھېچكىمدىن سورىماي، مەنبەسىنى بەرگەن ئاساستا باشقا ھەر قانداق تورغا چىقارسىڭىز، ياكى ئېلكتابقا ئوخشاش باشقا ھەر قانداق شەكىلدە ئىشلەتسىڭىز بولۇۋېرىدۇ. بۇ ماقالە بارلىق ئۇيغۇرلارغا مەنسۇپ.**